# ھەر يىلى سىرتقا يەتكۈزۈلىدىغان توك مىقدارى 40 مىليارد كىلوۋات سائەتتىن كۆپرەك ئاشۇرۇلىدۇ

(بېشى 1 ـ بەتتە)

1 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى تۇراقلىق توكنى ئۆزگىرىشچان توكقا ئايلاندۇرۇش پونكىتىنىڭ بىر كۈندە سىرتقا يەتكۈزگەن توك مىقدارى 120 مىليون كىلوۋات سائەتتىن ئېشىپ، تارىخىي رېكورت يارىتىلدى. بۇ ئالاھىدە يۇقىرى بېسىملىق تۇراقلىق توك يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى دۆلەت يولغا قويغان «شىنجاڭنىڭ توكنى سىرتقا يەتكۈزۈش» ئىستراتېگىيەسىدىكى تۇنجى ئالاھىدە يۇقىرى بېسىملىق توك يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى، شۇنداقلا غەربىي شىمال رايونىدىكى چوڭ تىپتىكى ئوت ئېلېكتىر، شامال ئېلېكتىر بازىلىرىنىڭ توكنى بىرلەشتۈرۈپ سىرتقا يەتكۈزۈشتىكى تۇنجى ئالاھىدە يۇقىرى بېسىملىق قۇرۇلۇش ھېسابلىنىدۇ.

يېڭى ئېنېرگىيە تەرەققىياتىنىڭ سۈپىتىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، قۇمۇل شەھىرى ھەرقايسى ئېنېرگىيە تۈرلىرىنى ئەلالاشتۇرۇپ تەشكىللىدى. شىنجاڭ ئېنېرگىيە گۇرۇھى قۇمۇل يەندۇن شامال ـ يورۇقلۇق ئۆزئارا تولۇقلايدىغان ئېلېكتىر مەيدانى پونكىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ياڭ جىلۇڭ مۇنداق دېدى: «كەچتە يورۇقلۇق يوق چاغدا، شامال ئېلېكتىر ئىستانسىسى داۋاملىق توك چىقىرىدۇ؛ ئەگەر كۈندۈزى شامال بولمىسا، يورۇقلۇق ۋولت ئارقىلىق توك چىقىرىپ ئۆزئارا تولۇقلىغىلى بولىدۇ. ھەر يىلى بىزنىڭ شامال ئېلېكتىرى ئارقىلىق توك چىقىرىش مىقدارىمىز 350 مىليون كىلوۋات سائەت ئەتراپىدا، يورۇقلۇق ۋولت ئارقىلىق توك چىقىرىش مىقدارىمىز 150 مىليون كىلوۋات سائەت ئەتراپىدا بولىۋاتىدۇ».

قۇمۇل شىچېڭزى يورۇقلۇق ۋولت كەسىپلەر باغچىسى پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە يەككە كۆلىمى ئەڭ چوڭ، يورۇقلۇق ۋولت بىرىكمە دېتال تىپى ئەڭ تولۇق بولغان يورۇقلۇق ۋولت كەسپى بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش باغچىسى ھېسابلىنىدۇ. 2020 ـ يىلى باغچە رايونىنىڭ يورۇقلۇق ۋولت ئارقىلىق توك چىقىرىش مىقدارى 1 مىليارد 335 مىليون كىلوۋات سائەت بولۇپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن %28.6 ئاشتى. «نۆۋەتتە، توپلاش پونكىتىغا جەمئىي 21 يورۇقلۇق ۋولت كارخانىسىنىڭ 26 يورۇقلۇق ۋولت ئارقىلىق توك چىقىرىش تۈرى ئۇلاندى، ئومۇمىي گېنېراتورلار گۇرۇپپىسى سىغىمچانلىقى 800 مىڭ كىلوۋاتتىن ئاشتى» دېدى كەسىپلەر باغچىسىغا جايلاشقان شىنجاڭ خۇادىيەن شىچېڭزى 220 كىلوۋولتلۇق توپلاش پونكىتىنىڭ پونكىت باشلىقى دۇ جۈنچياڭ.

خۇ ئەنپىڭ مۇنداق بىلدۈردى: «14 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە، دۆلەت ئېلېكتىر تورى شىنجاڭ ئېلېكتىر ئېنېرگىيەسى چەكلىك شىركىتى دىققەتنى شىنجاڭنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى «ئىككى بازار»، ئېنېرگىيە ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىستېمالىدىن ئىبارەت «ئىككى مۇھىم نۇقتا»غا مەركەزلەشتۈرۈپ، شىنجاڭدىكى 750 كىلوۋولتلۇق ئېلېكتىر تورىنىڭ قاپلاش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ ۋە زىچلىقىنى ئاشۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ توكنى سىرتقا يەتكۈزۈش لىنىيەلىرىنى كۆپەيتىپ، رايون ھالقىپ توك يەتكۈزۈش ئىقتىدارى ۋە ئېنېرگىيە بايلىقىنى تەڭشەپ تەقسىملەش ئىقتىدارىنى يەنىمۇ ئۆستۈرىدۇ.

پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە ھۆكۈمەت باش كاتىپلىرى ۋە بەنگۇڭتىڭ(ئىشخانا) مۇدىرلىرى يىغىنى ئېچىلدى

# «ئۈچكە مۇلازىمەت قىلىش» ئىقتىدارى، سەۋىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈش كېرەك

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى **جاڭ يەنفاڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 2 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە ھۆكۈمەت باش كاتىپلىرى ۋە بەنگۇڭتىڭ(ئىشخانا) مۇدىرلىرى يىغىنى ئېچىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ دائىمىي مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ چۈنلىن يىغىنغا قاتنىشىپ سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنى ۋە 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ بەنگۇڭتىڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم يوليورۇقى، تەستىقى يوليورۇقىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ھۆكۈمەت باش كاتىپلىرى ۋە بەنگۇڭتىڭ مۇدىرلىرى سىن يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ خىزمەت ئورۇنلاشتۇرمىسى بويىچە، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى زىچ چۆرىدەپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا سىياسىي يۈكسەكلىكنى ئۆستۈرۈپ، سىياسىي ئىقتىدارىنى كۈچەيتىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت بەنگۇڭتىڭ(ئىشخانا)لىرىنىڭ «ئۈچكە مۇلازىمەت قىلىش» ئىقتىدارى ۋە سەۋىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈپ، «14 ـ بەش يىل»دا ئىشنى ياخشى باشلاش، قەدەمنى ياخشى ئېلىشقا پۈتۈن كۈچ بىلەن مۇلازىمەت قىلىش، كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: سىياسىي قۇرۇلۇشنى بىرتۇتاش يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، بايرىقى روشەن ھالدا سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىپ، سىياسىي ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى، سىياسىي چۈشىنىش ئىقتىدارى، سىياسىي ئىجرا قىلىش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش؛ نەزەرىيە بىلەن قوراللىنىشنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، ئۆگەنگەننى ئىشلىتىشتە چىڭ تۇرۇپ، ئەمەلىيەت داۋامىدا خىزمەت سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. خىزمەتلەرنى يۈرۈشتۈرۈش تۈگۈنى، مەسلىھەتچى ـ ياردەمچى بولۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ھەيدەكچىلىك قىلىش قاتارلىق ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيەتلەرنى پۇختا ئادا قىلىپ، مەركەزنى چۆرىدەپ، چوڭ ۋەزىيەتكە مۇلازىمەت قىلىپ، «ئۈچكە مۇلازىمەت قىلىش» خىزمىتىنى سىستېما قارىشى بىلەن پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، ئۇنى تېخىمۇ ھېسسىيات ئىللىقلىقىغا، بىرتۇتاش پىلانلاش سالمىقىغا، مەسلىھەت چوڭقۇرلۇقىغا ئىگە قىلىش كېرەك. ئىلمىي تەپەككۇر ئۇسۇلىنى ئىگىلەپ، ئۇنىۋېرسال مۇلازىمەت قىلىش، ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا ياردەملىشىش ئىقتىدارى ۋە سەۋىيەسىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، ئەلا نەتىجىلەر بىلەن پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى تەبرىكلەش كېرەك.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

بىڭتۈەن ئىستاتىستىكا ئىدارىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، ئىدارە باشلىقى لى ۋېنماۋنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، 2020 ـ يىلى بىڭتۈەننىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ياخشى بولۇپ، ئاشلىق، پاختا ھوسۇلى «قوش ئاشقان». يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 149 مىليارد 446 مىليون يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن %6.4 ئاشقان. ئاشلىق ئومۇمىي ھوسۇلى 2 مىليون 414 مىڭ 400 توننا بولۇپ، يېقىنقى تۆت يىل ئىچىدە ئەڭ يۇقىرى بولغان. پاختا ئومۇمىي ھوسۇلى 2 مىليون 134 مىڭ 100 توننا بولۇپ، تارىخىي رېكورت يارىتىلىپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ %36.1نى، ئاپتونوم رايوننىڭ %41.3نى ئىگىلىگەن.

سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى تېزلىشىپ، يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان كەسىپلەر تېز ئۆسۈپ يېتىلگەن. كۆلەمدىن يۇقىرى سانائەتنىڭ قوشۇلما قىممىتى ئالدىنقى يىلدىكىدىن %7.7 ئېشىپ، ئېشىش سۈرئىتى يېقىنقى تۆت يىل ئىچىدە ئەڭ يۇقىرى بولغان. كۆلەمدىن يۇقىرى سانائەتنىڭ ئىستراتېگىيەلىك يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان كەسىپ قوشۇلما قىممىتى ئالدىنقى يىلدىكىدىن %24.1 ئېشىپ، كۆلەمدىن يۇقىرى سانائەتنىڭ ئېشىش سۈرئىتىدىن 16.4 پىرسەنت پوئىنت تېز بولغان، كۆلەمدىن يۇقىرى سانائەت قوشۇلما قىممىتىدە ئىگىلىگەن سالمىقى %8.6 بولغان.

ئەمەلىي ئىقتىساد ئۈزلۈكسىز زورىيىپ، سانائەت كارخانىلىرىنىڭ پايدىسى كۆرۈنەرلىك قايتا ئۆرلىگەن. پۈتۈن بىر يىلدا يېڭىدىن كۆپەيگەن بازار سۇبيېكتى 34 مىڭ 906 بولغان. كۆلەمدىن يۇقىرى سانائەت كارخانىلىرى ياراتقان پايدا ئومۇمىي سوممىسى 13 مىليارد 643 مىليون يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن %56.9 ئاشقان. تۇراقلىق مۈلۈك سېلىنمىسى ئالدىنقى يىلدىكىدىن %22.4 ئېشىپ، ئېشىش سۈرئىتى يېقىنقى يەتتە يىل ئىچىدە ئەڭ يۇقىرى بولغان؛ ئەلئارا سېلىنما %23.6 ئاشقان.

بىڭتۈەن ئاھالىسىنىڭ ئېلىكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىم 34 مىڭ 435 يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن %3.1 ئاشقان، باھا ئامىلىنى چىقىرىۋەتكەندە %1.6 ئەمەلىي ئاشقان. بۇنىڭ ئىچىدە لىيەندۈي ئاھالىلىرىنىڭ ئېلىكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىم 24 مىڭ 516 يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن %11.5 ئاشقان، باھا ئامىلىنى چىقىرىۋەتكەندە %9.3 ئەمەلىي ئاشقان.

تۇنجى قەدەمنى ياخشى ئالايلى   يېڭى كەيپىيات يارىتايلى

# يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتتا تۆرتكە بولىمىز

## —— سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستلىق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ گوخېنى زىيارەت

نوپۇزلۇق سۆھبەت

□ ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى گې يوۋجۈن

«13 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە، سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدا قانداق كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى؟ «14 ـ بەش يىل»نىڭ يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قەدەم قويغاندا، سانجى ئوبلاستى قانداق قىلىپ تېخىمۇ ياخشى ھالدا يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتتا تۆرتكە بولىدۇ؟ يېقىندا، مۇخبىر بۇ ھەقتە سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستلىق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ گوخېنى زىيارەت قىلدى.

### مۇقىملىق، ئىسلاھات، تەرەققىيات ئىشلىرى تېز ئالغا ئىلگىرىلىدى

««13 ـ بەش يىل› مەزگىلى سانجى تۇپرىقىدا كىشىنى خۇشال قىلىدىغان چوڭقۇر ئۆزگىرىشلەر بولغان، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسى كۆرۈنەرلىك ئۆسكەن مەزگىل بولدى. سانجى ئوبلاستى يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى تولۇق، دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ خىزمەت ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، باش نىشاننى مەھكەم ئىگىلەپ، مۇقىملىقنى قوغداشتا ‹ئاساستىن ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش›تىن ‹ئىلمىي ئىدارە قىلىش›قا بۇرۇلۇش، ئىقتىسادىي تەرەققىياتتا ‹يۇقىرى سۈرئەت›تىن ‹يۇقىرى سۈپەت›كە بۇرۇلۇش، خەلق تۇرمۇشى ئىشلىرىدا ‹زۆرۈر كاپالەت›تىن ‹خەلققە تېخىمۇ ياخشى نەپ يەتكۈزۈش›كە بۇرۇلۇش، پارتىيە قۇرۇلۇشىدا ‹سىجىل كۈچەيتىش›تىن ‹ئومۇميۈزلۈك قاتتىق بولۇش›قا بۇرۇلۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، مۇقىملىق، ئىسلاھات، تەرەققىياتتا ئالاقىدار تۈرلۈك ئىشلاردا تېز ئىلگىرىلەشلەرنى قولغا كەلتۈردى» دېدى ۋاڭ گوخې.

ۋاڭ گوخې مۇنداق تونۇشتۇردى: كەسكىن، مۇرەككەپ بولغان تاشقى ۋەزىيەت، مۈشكۈل، ئېغىر بولغان مۇقىملىق، تەرەققىيات ۋەزىپىسى، بولۇپمۇ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ پايدىسىز تەسىرى ئالدىدا، سانجى ئوبلاستى «باتۇر، تېز، ئىنچىكە، ئەمەلىي بولۇش» پىكىر يولى، ئىدىيەسى ۋە ئۆلچەم تەلىپىدە چىڭ تۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ دائىملىق ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى ئىشلىدى، ئاساسلىق ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچلەر ئوڭۇشسىز ۋەزىيەتتىمۇ يۈكسىلىپ، پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە ئالدىنقى قاتارغا ئۆتتى. مۆلچەرلىنىشىچە، 2020 ـ يىلى ئىشقا ئاشۇرۇلغان رايون ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 138 مىليارد 725 مىليون يۈەن بولۇپ، %5.3 ئاشقان، تۇراقلىق مۈلۈك سېلىنمىسى %40.5 ئاشقان، ئادەتتىكى ئاممىۋى خامچوت كىرىمى %5.2 ئاشقان، كۆلەمدىن يۇقىرى سانائەتنىڭ قوشۇلما قىممىتى %17 ئاشقان؛ ئۈچ كەسىپنىڭ قۇرۇلمىسى 2015 ـ يىلىدىكى 21.2 : 40.7 : 38.1دىن 2020 ـ يىلىدىكى 17.5 : 41.9 : 40.6گە ئەلالاشتۇرۇلۇپ تەڭشىلىپ، ئىقتىسادنىڭ ئېشىش سۈپىتى ۋە ئۈنۈمى تېخىمۇ ئۆرلىگەن؛ شەھەر ـ يېزا ئاھالىسىنىڭ ئېلىكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىم ئايرىم ـ ئايرىم 34 مىڭ 24 يۈەنگە، 20 مىڭ 640 يۈەنگە يېتىپ، 2015 ـ يىلدىكىدىن ئايرىم ـ ئايرىم %31.6، %32 ئاشقان.

ۋاڭ گوخې مۇنداق دېدى: ئەمەلىيەت شۇنى تولۇق ئىسپاتلىدىكى، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى دانا ۋە ئۇلۇغ، تامامەن توغرا؛ ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇشتا قوللانغان بىر قاتار تەدبىرلىرى مەركەزنىڭ روھىغا ئۇيغۇن، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە ماس كەلگەن بولۇپ، قەتئىي كۈچلۈك، مول ۋە نەتىجە ـ ئۈنۈملۈك بولدى، بىز جەزمەن قەتئىي، كەسكىن ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئەمەلىيلىشىپ يىلتىز تارتىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشىمىز كېرەك.

### «14 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلان خەلقنى مەركەز قىلىپ ئىلمىي تۈزۈلدى

ۋاڭ گوخې مۇنداق دېدى: «پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ياخشى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشتا، خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، ‹14 ـ بەش يىل›لىق يىرىك پىلاننى ئىلمىي، ياخشى تۈزۈش ئاچقۇچلۇق بىر نۇقتا».

ۋاڭ گوخې مۇنداق تونۇشتۇردى: سانجى ئوبلاستى پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنى، 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ خىزمەت تەلەپىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پارتىيە كومىتېتى رەھبەرلىك قىلىش، ھۆكۈمەت يېتەكچىلىك قىلىش، مۇتەخەسسىسلەر باھالاش، ئامما قاتنىشىشتىن ئىبارەت «تۆت بىر گەۋدىلەشكەن» خىزمەت پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتتا تۆرتكە بولۇشنى باش تېما قىلىپ، ئەمەلىي تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، كېڭىشىپ تەتقىق قىلىش، پىكىر ئېلىش، خەلقتىن ئەقىل سوراش قاتارلىق خىزمەتلەرنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، «14 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلاننى ئىلمىي تۈزدى. «14 ـ بەش يىل» مەزگىلدىكى ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي پىكىر يولى، ئاساسلىق نىشانى ۋە نۇقتىلىق ۋەزىپىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق تۆرتكە بولۇش، زامانىۋى كەسىپ سىستېمىسى، ئىچكى ئېھتىياجنى كېڭەيتىش، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش، رايونلارنى ماسلاشتۇرۇش، ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش، سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت، خەلق تۇرمۇشى بەخت ـ سائادىتى، ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشى قاتارلىق جەھەتلەردىن پىلان تۈزۈپ ئورۇنلاشتۇرۇشنى نۇقتىلىق گەۋدىلەندۈردى.

### يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتتا تۆرتكە بولۇپ خىزمەتتە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىلدۇ

ۋاڭ گوخې مۇنداق دېدى: «14 ـ بەش يىل»نىڭ يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قەدەم قويدۇق، سانجى ئوبلاستى يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتتا تۆرتكە بولۇش باش تېمىسىنى چىڭ كۆزلەپ، مەۋقەنى يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قويۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىپ، يېڭى دەۋردىكى سانجى ئوبلاستىنىڭ خىزمەتلىرىدە ئۈزلۈكسىز يېڭى ۋەزىيەت يارىتىدۇ.

يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى پائال بەرپا قىلىمىز. ئىچكى ئېھتىياجنى ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ ئىستراتېگىيەلىك ئاساسىي نۇقتىدا چىڭ تۇرۇپ، سانجى ئوبلاستىنىڭ جۇغراپىيەلىك ئورنى، بايلىق قاتارلىق ئەۋزەللىكلىرىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشىغا تەشەببۇسكارلىق بىلەن سىڭىشىپ، ئوبلاست ئىچىدىكى كەسىپ زەنجىرىنىڭ ئايلىنىشىنى راۋانلاشتۇرۇپ، دۆلەت ئىچىدىكى چوڭ ئايلىنىشقا سىڭىشىپ، دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارادىكى قوش ئايلىنىشقا ئۇدۇللىشىپ، ھەرقايسى ناھىيە، شەھەر(باغچە رايونى)لەرنىڭ فۇنكسىيەلىك بېكىتىلگەن ئورنى، تەرەققىيات يۆنىلىشى ۋە كەسىپ ئورۇنلاشتۇرمىسىنى ئەلالاشتۇرۇپ، دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ، ئۈرۈمچى، شىخەنزە قاتارلىق قوشنا رايونلار بىلەن تۆت يۆنىلىشتە ماسلىشىش، يۇغۇرما تەرەققىي قىلىشنى تېزلىتىپ، ئورنى ئېنىق بېكىتىلگەن، ھەرقايسىسى ئۆز ئالدىغا خاسلىققا ئىگە بولغان رايونلار ماس تەرەققىيات ئەندىزىسىنى شەكىللەندۈرىمىز.

تىپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى تېزلىتىپ، زامانىۋى كەسىپ سىستېمىسىنى تەرەققىي قىلدۇرىمىز. ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ كۈچەش نۇقتىسىنى ئەمەلىي ئىقتىسادقا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، 1 ـ كەسىپنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش، 2 ـ كەسىپنىڭ تىپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش، 3 ـ كەسىپنى زورايتىش، كۈچەيتىشكە تۆرتكە بولۇپ، 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ كەسىپلەرنىڭ چوڭقۇر يۇغۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، زامانىۋى كۆمۈر ئېلېكتىر، كۆمۈر خىمىيە سانائىتى، نېفىت خىمىيە سانائىتى، رەڭلىك مېتال ۋە ئىنچىكە پىششىقلاش، ئىلغار جابدۇق ياسىمىچىلىقى، يېڭى ئېنېرگىيە ـ يېڭى ماتېرىيال، بىيوتېببىي دورا، توقۇمىچىلىق، كىيىم ـ كېچەك، دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش، ئۈزۈم ھارىقى، نان، ساياھەتچىلىك قاتارلىق نۇقتىلىق كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، زورايتىپ، ئەنئەنىۋى كەسىپلەرنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ، يېڭىدىن گۈللەنگەن كەسىپلەرنى پائال تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئوبلاست بويىچە كۈچەپ، شەرقىي جۇڭغار زامانىۋى كۆمۈر ئېلېكتىر، كۆمۈر خىمىيە سانائىتى كەسپىدە يېڭىلىق يارىتىش تەرەققىيات رايونىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە پۈتۈن رايون ساياھەتچىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىپ، كەسىپ ئاساسىنى سەرخىللاشتۇرۇش، كەسىپ زەنجىرىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش، كەسىپلەرنى توپلاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىپ، پۈتۈن كەسىپ زەنجىرىنى ئەلالاشتۇرۇپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرىمىز.

ئىسلاھات ئېچىۋېتىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنىڭ يېڭى ھەرىكەت ئېنېرگىيەسىنى يېتىلدۈرىمىز. تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى ئاساسىي لىنىيە قىلىپ، نۇقتىلىق ساھە ۋە ئاچقۇچلۇق ھالقىلاردىكى ئىسلاھاتنى سىجىل ئالغا سىلجىتىپ، «قويۇپ بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش» ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئۈرۈمچى ـ سانجى ـ شىخەنزە دۆلەتلىك ئۆز ئالدىغا يېڭىلىق يارىتىش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش رايونى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ يېڭىلىق يارىتىش، ئىگىلىك تىكلەش ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتۇپ، تۈرلۈك ئامىللار تېز سۈرئەتتە توپلىنىدىغان، بازار سۇبيېكتى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىدىغان تەرەققىيات مۇھىتىنى كۈچەپ بەرپا قىلىمىز. مەركىزىي شەھەرنىڭ تەسىر كۆرسىتىش، تۆرتكە بولۇش ئېففېكتىدىن تەڭ بەھرىلىنىپ، قاتناش ـ ترانسپورتتا ئالاقىنى راۋانلاشتۇرۇش، سودا ـ ئەشيا ئوبوروتىنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ ئۆزگەرتىش، ساياھەت، مەدەنىيەت، پەن ـ مائارىپ، داۋالاش، مۇلازىمەت، ئالاقىلىشىش، ھەمكارلىشىش قاتارلىق مەخسۇس ھەرىكەتلەرنى يولغا قويۇپ، ئەتراپتىكى دۆلەتلەر بىلەن بولغان ھەرقايسى ساھەلەردىكى ئالاقىلىشىش، ئالماشتۇرۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىچكى ـ تاشقى ئېچىۋېتىش سەۋىيەمىزنى ئۆستۈرىمىز.

يېشىل تەرەققىياتتا چىڭ تۇرۇپ، گۈزەل سانجى قۇرۇشنى تېزلىتىمىز. ئەڭ قاتتىق بولغان ئېكولوگىيەنى قوغداش تۈزۈمى ۋە بوشلۇقنىڭ ئىشلىتىلىشىنى باشقۇرۇش تۈزۈمى، ئەڭ قاتتىق بولغان سۇ بايلىقىنى باشقۇرۇش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، يېشىل، تۆۋەن كاربونلۇق تەرەققىياتتا ۋە بايلىقتىن تېجەشلىك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشتا تۆرتكە بولۇپ، «ئۈچ يۇقىرى» تۈرلەرنىڭ سانجىغا كىرىشىنى قاتتىق چەكلەپ، جۇڭگو مۇھىت ئىلمىي تەتقىقات يۇرتىنىڭ «بىر شەھەرگە بىر تەدبىر» مۇتەخەسسىس مەسلىھەتچىلەر كوللېكتىپىغا تايىنىپ بۇلغىنىشنى دەل جايىدا تۈزەپ، ئېكولوگىيەنى قوغداش قىزىل چېكى، مۇھىت سۈپىتى تۆۋەن چېكى، بايلىقتىن پايدىلىنىش يۇقىرى چېكىنى قەتئىي ساقلايمىز. ئېكولوگىيەنى قوغداش، ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى كۈچەيتىپ، تاغ، دەريا، ئورمان، ئېتىز، كۆل، ئوتلاقنى سىستېمىلىق تۈزەشتە چىڭ تۇرۇپ، ئېكولوگىيە سىستېمىسىنىڭ سۈپىتى ۋە مۇقىملىقىنى ئۆستۈرۈپ، ئېكولوگىيە توسۇقىنى ھەقىقىي مۇستەھكەملەيمىز.

خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشقا زور كۈچ بىلەن كاپالەتلىك قىلىپ، خەلقنىڭ بەخت ـ سائادىتىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرىمىز. ئورتاق بېيىشقا پۇختا تۆرتكە بولۇشنى چۆرىدەپ، مالىيە چىقىمىنىڭ %70تىن كۆپرەكىنى خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە ياخشىلاشقا ئىشلىتىپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، مائارىپ، داۋالاش، بىخەتەرلىك قاتارلىقلارنى مۇھىم نۇقتا قىلغان خەلققە نەپ يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشىنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، ئاممىنىڭ «ئالدىراۋاتقان، قىينىلىۋاتقان، ئەنسىرەۋاتقان، تەقەززا بولۇۋاتقان» تۈرلۈك مەسىلىلەرنى ياخشى ھەل قىلىپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىمىز. شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشنىڭ ئۇنىۋېرسال ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇپ، شىنجاڭغا ياردەم بېرىش مەبلىغىنىڭ %80تىن كۆپرەكىنى ناھىيەدىن تۆۋەن ئاساسىي قاتلام ۋە خەلق تۇرمۇشى ساھەسىگە ئىشلىتىپ، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى قۇرۇلۇشىغا ئايلاندۇرىمىز.

جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ سىجىل مۇقىم، ئۇزاققىچە مۇقىم بولۇشىنى ساقلاپ، تىنچ ـ ئامان سانجى قۇرىمىز. جەمئىيەت ئىدارە قىلىشنى كۈچەيتىپ ۋە ئۇنىڭدا يېڭىلىق يارىتىپ، قانۇنچىل سانجى قۇرۇشنى تېزلىتىمىز. كىشىلەر قەلبىنى ئەڭ زور چەكتە قولغا كەلتۈرۈپ ۋە مۇجەسسەملەپ، «پۈتۈن مەملىكەت بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتىدىكى ئۈلگە كۆرسىتىش ئوبلاستى» بولۇش نەتىجىسىنى مۇستەھكەملەپ، شىنجاڭنى مەدەنىيەت ئارقىلىق ئوزۇقلاندۇرۇش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇپ، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، گۈزەل شىنجاڭ قۇرۇش، ۋەتەن ئارزۇسىنى ئورتاق ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ كۈچلۈك ئاكتىپ كۈچىنى مۇجەسسەملەيمىز.